# جىھادنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىستراتېگىيە نىشانلىرى

ئاپتور : مۇھەممەد ياسىن .
ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : لۇتپى

# ماۋزۇلار

مۇقەددىمە .
ئەقىدە ئاساسلىرى ۋە جىھاد نىڭ يىراق ئىستىراتېگىسى
ئەقىدە ئاساسلىرى :
ئۇلۇغ ، بۈيۈك اللە نىڭ ھەققى .
پەرۋەردىگارلىق تەۋھىدى .
ئىلاھلىق تەۋھىدى .
ئىبادەت شۇئارلىرى.
مۇھەببەت ، نەپرەت .
ھاكىمىيەت.
ئىستىراتىگىلىك نىشانلار:
ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كۆرەشچى گورۇھئۈستىدىكى ھەققى .
ئىسلامى سالاھىيەتنى تۇرغۇزۇش.
ئۈممەت مەۋجۇدىيىتى تەلەپلىرىنى ھازىرلاش / ھۇجۇم كۆرىشى.
ئاجىزلارنى قوغداش / مۇداپىئە ئۇرۇشى .
جىھادنىڭ مەدەنىيەت ساھەسى :
جىھاد ۋە تەقدىر قانۇنىيەتلىرىنىڭ يادروسى.
جەڭچى گورۇھنىڭ تارىخى سالاھىيىتى.
خاتىمە.

ناھايىتى شەپقەتلىك ، مېھرىبان اللە نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

# مۇقەددىمە

شەرىئەت ھۆكۈملىرىدە تەقدىرنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلىرى ۋە شەرىئەت بەلگىلىملىرى شۇنداقلا رىئاللىق تەلەپلىرى ئومۇمەن بىر ۋاقىتتا بىرىيەرگە يىغىلىپ مۇجەسسەملەشكەن ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ. پاك، ئۇلۇغ اللە بۇيەزىلەتنى ـ بولۇپمۇ زامانىمىزدا ـ جىھادقا خاس قىپتۇ، بەلكىم بۇ، جىھاد اللە نىڭ دىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسى بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. دېمەك جىھادنى اللە بىرنۇقتىدىن ئېنىق شەرىئەت تىكىستى بىلەن بەلگىلىگەن بولسا يەنە بىرتەرەپتىن ئۇنى ئۆز تەقدىرى بىلەن قىيامەتكىچە نۇسرەت ئىگىسى بىر گورۇھ ئارقىلىق داۋاملىشىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، شۇنداقلا ئۇ، بۇزۇقچىلىق ئەۋج ئېلىپ ، زوراۋانلىق باش كۆتۈرگەن ۋە تاغۇتلارمەغرۇرلىنىپ، ناھەقچىلىقلار ئومۇملاشقان ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئۆز ئەينى بويىچە روشەن ئىپادىلەنمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت "جىھاد ياكى دىندىن چىقىش "دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ ، ئۇلۇغ اللە سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتتە: { سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن ، اللە <ئۇنىڭ ئورنىغا> اللە ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللە نى دوست تۇتىدىغان ، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان ، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ.} دېدى. رىئاللىق ، دىنىنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان ، ئاجىزلاردىن زۇلۇمنى كۆتۈرىدىغان "مۇجاھىدلار قېنى؟"دەپ قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلماقتا، تەقدىر بولسا خالىغانلار خالىسۇن، باش تارتقانلار باش تارتسۇنكى جىھاد شەكسىز قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ دەپ چاقىرماقتا. ئۇنداقتا جىھادقا ھۇررا ..!!!

ئۇلۇغ، بۈيۈك اللە جىھادنى ئۆز ۋەھيىسى ۋە ئۆز شەرىئىتى ئارقىلىق تەكىتلىدى ۋە ئۆزھېكمىتى، خاھىشى ۋە تەقدىرى بىلەن ئۇنىڭ پاك اللە تاللىغان مەخسۇس گورۇھى بولىدىغانلىقىنى، بۇ گورۇھنىڭ شەرىئەت بەلگىلىگەن مەجبۇرىيىتى ۋە مەدەنىي ـ تەرەققىيات رولىنى ئادا قىلىشتىن سۆرەلمىلىك قىلىۋاتقان مۆمىنلەرئارىسىدىن چىقىشىغا ئۆز ئۈممىتىگە مەرھەمەت قىلىپ كاپالەت بېرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. پاك اللە ئۆزى تاللىغان بۇ گورۇھنىڭ توپ خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ، بۇ گورۇھنىڭ ئۇلۇغ اللەنىڭ سۆيگۈسى شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكى ۋە بۇلارمۇ اللەنى ساداقەت بىلەن سەممى ياخشى كۆرىدىغانلىغىنى شۇنداقلا ئۆزئارا كەمتەرلىك ئىچكى ئەخلاقى بولىدىغانلىغى ۋە دىنى شەرەپ تۇيغۇسى بىلەن دىن دۈشمەنلىرى ئالدىدا شەۋكەتلىك بولۇش تاشقى مۇئامىلە يولى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

شۇنىڭدەك پاك اللە ئۆزى تاللىغان بۇگورۇھنىڭ نۇقتىلىق خاراكتىرى ۋە مەۋجۇت بولۇش مەقسىدى اللە يولىدا اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى ۋاپاسىزلارغا ۋە تەنقىتچىلەرگە پەرۋا قىلماستىن، جىھادبايرىغى كۆتەرگەنلىكى ئۈچۈن ئېغىرچىلىق ھىس قىلماستىن جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت بولىدىغانلىغىنى كۆرسەتتى.

ئەنە شۇ نۇقتىدىن كۈچلۈك، غالىپ اللە ئۇلارغا غەلبە ـ نۇسرەت ۋە ئۈستۈنلۈك ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېدى: {ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، اللە <ئۇنىڭ ئورنىغا> اللە ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ اللەنى دوست تۇتىدىغان، مۆمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ <يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش> اللەنىڭ پەزلىدۇركى، <اللە> ئۇنى <بەندىلىرىدىن> خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، اللە <نىڭ پەزلى> كەڭدۇر، <اللە> ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار اللە دۇر، اللە نىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۆمىنلەردۇركى، مۆمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار<اللەنىڭ ئەمرىگە>كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر. كىمكى اللەنى، اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋەمۆمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن، <ئۇ اللەنىڭ جامائەسىدىندۇر>. اللە نىڭ جامائەسى<ئەلۋەتتە>غالىپتۇر} سۈرە مائىدە 54 ـ 55 ـ ۋە 56 ـ ئايەتلەر.

بۇ ئوچۇق ۋە بىۋاستە خىتاپ ئەقلىلىق، ساغلام تەبىئەتلىك ۋە اللە نىڭ دىنىدا ۋىجدانى بار كىشىلەردە ھەق جامائەتتىگە تەۋە بولۇش ئارقىلىق ھەققە باغلىنىش ۋە ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئاساسىدا جىھاد قىلىپ ئۇ جامائەتنىڭ ئەزاسى بولۇش شەرىپى پەزىلىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەقىدىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقىسى مۇرتەدلىكتۇر.

ئانداقتا ئەگەر جىھاد- رىئال ئېھتىياج يولى ۋە شەرىئەت پەرزى شۇنداقلا ھەقنى تۇرغۇزۇپ باتىلنى پاچاقلاش، ئادالەتنى تىكلەپ زۇلۇمنى يوقۇتۇش ۋە جاھىلىيەتنى ئۇمۇمەن سۈپۈرۈپ تاشلاپ ئىسلامنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆزگەرمەس تەقدىر قانۇنىيىتى دىگەن تەسەۋۋۇر بويىچە -ھايات پىروگىراممىسى بولىدىغان بولسا دىمەك ئۇ مۆمىنلەرنىڭ قېچىپ بولمايدىغان ئىستىراتېگىلىك تاللىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بىرىنجى: مۆمىنلەر ئۇ ئارقىلىق الله نىڭ سەلتەنىتىنى يەنى الله نىڭ پادىشاھلىغىدىكى ھاكىمىيەت ۋە قانۇن بەلگىلەشنى يەرشارىغا قايتۇرۇشتا ئۆز ئۈستىدىكى الله نىڭ ھەققىنى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يوقۇتۇپ قويغان سالاھىيىتىنى ۋە شانۇ-شەۋكىتىنى ئەسلىگە ئەكىلىشتە ئۆز ئۈستىدىكى ھەققىنى شۇنداقلا بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ قۇماندانلىقىدا ھەق-ئادالەتكە ئېرىشىش ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

ئىككىنجى: ئۇ ئارقىلىق ئىسلام ئۈممىتىنىڭ باشقا ئۈممەتلەرگە نىسبەتەن ئىلغارلىقى يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت نىشانلىرىنى روياپقا چىقىرىدۇ- بۇنىڭ تەپسىلاتى بۇ ماقالىنىڭ ئىككىنجى قىسمىدا تەپسىلى كېلىدۇ- دىمەك يۇقۇرقىلاردىن كېيىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خەلقئارا سىياسى ساھەدىكى ئەملى مەۋجۇتلىقى مەيدانغا كىلىدۇ.

## جىھادنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرى ۋە ئىستىراتېگىلىك نىشانلىرى

ئەقىدە ئاساسلىرى :

*ئۇلۇغ ، بۈيۈك الله نىڭ ھەققى

ئۇلۇغ، بۈيۈك اللەنى بىر بىلىش، مۇھەببەت -نەپرەت ئەقىدىسى، الله يولىدا جىھاد قىلىش قاتارلىقلارھەقىقەتەن مۆمىنلەرنىڭ مۇقەددەس بايلىقى ۋە قىيامەت كۈنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىباھا گۆھىرىدۇر. ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:{ئى مۆمىنلەر! سىلەگە سىلەرنى قاتتىق ئازاپتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىرتىجارەتنى كۆرستىپ قويايمۇ؟. الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە<چىن>ئېيتقايسىلەر، اللەنىڭ يولىدامېلىڭلاربىلەن، جېنىڭلاربىلەن جىھادقىلغايسىلەر، ئەگەربىلسەڭلار، سىلەرئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر}.سۈرە سەپ 10 - 11 -ئايەتلەر. ئەگەر اللەغا ئىشىنىپ ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشلا پايدىلىق تىجارەت بولىدىغان بولسا جىھاد بىلەن ئىمانىنىڭ باغلىنىشى قانداق ئىكەن؟

شەكسىزكى-خۇددى دىندا ئۆز ئۆزىدىن مەلۇملۇق نەرسەبولغىنىدەك -اللەغا ئىشىنىش ئۇلۇغ اللەنى پەرۋەردىگارلىقى، ئىلاھلىقى، ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە بىر بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

*پەرۋەردىگارلىق تەۋھىدى

بۇخىل تەۋھىد ئۇلۇغ الله نى مۇتلەق ئىدارە قىلغۇچى، مۇتلەق ئىگە دەپ تونۇش بىلەن بىرگە كەسكىن ھالدائۇ ئۆز زاتى، پائالىيەتلىرى ۋە ئىسىم -سۈپەتلىرىدە يەككە-يىگانە بىردىگەن ئېتىقادنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. شەكسىزكى پەرۋەردىگارلىق تەۋھىدى پاك الله بىر-دىن بىر ياراتقۇچى ۋە ئۆزمەخلۇقلىرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەدبىرىنى بەلگىلىگۈچى دەپ ئىقرارقىلىشتىن ئىبارەتتۇر. {يارىتىش ۋە ئەمرى قىلىش <يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش>راستىنلا اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر} سۈرەئەئراپ 54 -ئايەت. باشقامەخلۇقلارنىڭ ھالى{ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا الله غا بەندە بولۇپ بويسۇنمايدىغان ھېچ مەخلۇق يوقتۇر}سۈرەمەريەم 93 -ئايەت. مەخلۇقلار الله رۇخسەت قىلماستىن ھېچ نەرسىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ.{پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەرخالايسىلەر}سۈرەتەكۋىر29 - ئايەت. ھەرقانداق بىرسى بۇ خىل ھوقۇق ئۆزىنىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ دەپ داۋا قىلسا ئۇ، الله نىڭ ھەققىنى تالاشقان تاغۇت بولۇپ ئۇنى كەسكىن ئىنكار قىلىش پەرزدۇر.{كىمكى تاغۇت <يەنى اللەدىن باشقابارچە مەبۇد>نى ئىنكار قىلىپ ، اللەغا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇسۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ}سۈرەبەقەرە 256 - ئايەت. بۇخىل ئىنكارنىڭ تەلىپى بويىچە پاك الله بىزنى بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئۆزىگە < يەنى ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىنىڭ تەلىماتلىرى ھەدىسكە > مۇراجىئەت قىلىشقابۇيرۇيدۇ:{ئى مۆمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەرسىلەربىرشەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇتوغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەرسىلەراللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە<ھەقىقى>ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ <يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگەمۇاجىئەت قىلىش > سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر}سۈرەنىسا 59 -

ئايەت. بىز تاغۇتلەر بىلەن سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي ساھەلەردىكى ئىشلىرىمىزدا بۇيرۇش ۋە چەكلەش ھوقۇقى كىمگە مەنسۇپ، ياسالما قانۇنلارغىمۇ ياكى ئۇلۇغ، بۈيۈك اللەقىمۇ؟ دىگەن مەسىلىدە دائىمى كەسكىن ئىختىلاپتا بولغاچقا ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش، بۇلىۋېلىنغان ئاشۇ ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىپ "اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇراجىئەت قىلىڭلار"دىگەن بۇيرۇق تەلىپى بويىچە ئۇنى ئەملى مەيدانغا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن جىددى لازىم بولۇپ قالدى، ئۇلۇغ اللە مۇنداق دەيدۇ:{پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي اللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ئەگەر ئۇلار<كۇفرىدىن >يانسا، اللە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ} سۈرە ئەنفال 39 - ئايەت.

يەنە بىرتەرەپتىن شەكسىزكى ئۇمۇمى مەۋجۇدىيەت ماسلىقى، -ئۇلۇغ، بۈيۈك اللە نىڭ ياراتقۇچى ۋە ئىبادەت قىلىنغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇشى، مەخلۇقلارنىڭ تەبىئەت ۋە ئۇنىڭدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئۆزلۈكسىزداۋاملىشىشىغا كاپالەت بېرىۋاتقان يىتۈك ھىكمەت ۋە بىر-بىرىنى چەكلەپ ئۆزھەركىتىنى تەرتىپلەيدىغان ئىنتايىن ئىنچىكە تەبىئى قانۇنىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاش ئىرادىسىز مەخلۇقلار ياكى بويسۇنۇش، ئاسى بولۇشلاردا ئىشلىتىدىغان ئىرادىسى بار مەخلۇقلاردىن ئىبارەت ئىختىيارى ياكى ئىختىيارسىز قۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن مەۋجۇت بولىشى - قاتارلىقلارغا قىسقارتىلغاندۇر.{بىلمەمسەنكى، ئاسمانلاردىكىلەر<يەنى پەرىشتىلەر>، زېمىندىكىلەر<يەنى ئىنسانلار، جىنلار ۋە زېمىندايىاشايدىغان بارلىق مەخلۇقلار>، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغلار، دەرەخلەر، ھايۋاناتلار<اللەغا بويسۇنۇپ ئۇنىڭ باشقۇرىشىداھەركەت قىلىش ئارقىلىق>نۇرغۇن كىشىلەربىلەن بىللە اللە غا سەجدە قىلىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر<كۇفرى سەۋەپلىك>ئازاپقا دۇچاربولدى.}سۈرە ھەج 18 -ئايەت. تەبىئى قانۇنىيەتلەردە بىردىن -بىرمۇمكىن يول، ئۇلۇغ بۈيۈك اللەغا بىرلىكتە تەرتىپلىك ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇشۇ تەبىئى ئىنتىزامغا تەۋەبولۇش بولغىنىدەك جاھاندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ بىرقىسمى بولغان بارلىق مىللەتلەر ئارا تەرتىپ شەكىللەندۈرۈش ۋە بۇئارقىلىق پۈتۈن ئالەمدىكى تېنچلىقنى ئەملگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلۇغ بۈيۈك اللە بۇ ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ھايات ھەركەتلىرىنى تەرتىپلەپ ھۆكۈم ۋە قانۇن پىرىنسىپلارنى بەلگىلىدى:{ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدائاپەت يۈز بەردى، اللە ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىرقىسمىنىڭ<جازاسىنى>ئۇلارغا تېتىتتى}سۈرە رۇم 41 -ئايەت.

ئەئراف سۈرىسى 54-ئايەتتە ئۇلۇغ اللە:{يارىتىش ۋە ئەمرى قىلىش<يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش>راستىنلا اللەنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە نىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر}دېگىنىدەك يەنە نەھل سۈرىسى 52 -ئايەتتە:{ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسەاللەنىڭ مۈلكىدۇر، ئىبادەت ھەمىشە اللە غا خاستۇر، اللە دىن بۆلەك غەيرىيدىن قورقامسىلەر؟}دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە ئۆز بۇيرىقىنىڭ ئالى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. دېمەك ئۇلۇغ اللە نىڭ كائىناتتىكى بۇيرىقى شەيئىلەر ئۈستىدە بولغاندەك شەرەپلىك شەرىئەت بۇيرىقىمۇ مۆمىن گورۇھ ئۈستىدە ئۈستۈن بولۇپ نامايان بولىشى ئۇلۇغ اللە نىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. بۇھەقتە ئۇلۇغ كاتتا اللە سۈرە تەۋبە 33-ۋە سۈرەسەپ9-ئايەتلەردە مۇنداق دەيدۇ:{اللە ھەق دىن <ئىسلام>نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى<يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق>ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ<ئۈستۈن بولىشىنى> يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ}.

دېمەك دىنىنىڭ مەۋجۇت بولىشىدىكى مەقسەت ئۇلۇغ بۈيۈك اللە نىڭ ئالى ۋە ئۈستۈن بولۇشتىن ئىبارەت ھەقلىرىنى نامايەن قىلىشتۇر.

*ئىلاھلىق تەۋھىدى

يەنى بەندىلەر، ئۆز ئىبادەت شۇئارلىرى، مۇھەببەت-نەپرەت، ھاكىمىيەت ۋە قانۇنچىلىق قاتارلىق بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئۇلۇغ بۈيۈك اللەنىڭ بىرلىكىنى ئىپادىلىشى بولۇپ، بۇ يۈرەك، تىل ۋە باشقا ئەزالارئارقىلىق ئىتىقاد ۋە تاشقى يۈرۈش-تۇرۇشلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

*ئىبادەت شۇئارلىرى

ئۇلۇغ بۈيۈك اللە، سۈرە ئەنئام نىڭ 162 -ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: {<ئى مۇھەممەدى!> ئېيتقىنكى، <<مىنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم < دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم > ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر>>} مانا بۇجايدا ئۇلۇغ بۈيۈك اللە غا قىلىنىدىغان ئىبادەتنىڭ

<ھاياتىم>كەلىمىسى ئارقىلىق ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى بەلكى <ماماتىم> كەلىمىسى بىلەن ھەتتا ئۆلۈمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۇلۇغ الله تەۋبە سۈرىسى 111 ـ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: {شۈبھىسىزكى، الله مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ < دۈشمەنلەرنى> ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىلىدۇ<يەنى دۈشمەنلەربىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولىدۇ>، <جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش> تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان <اللەنىڭ>راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە اللەدىنمۇ بەك ۋاپاقىلغۇچى كىم بار؟<يەنى اللەدىنمۇ ۋاپادار ھېچكىم يوق> قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر}. دېمەك جىھاد بىلەن الله غا ئىبادەت قىلىمىز، چۈنكى جىھاد مۇجاھىدلارغا ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ الله ئۈچۈن بولىشىغا يول ئاچىدۇ.

شەكسىزكى ئىلاھى بۇيرۇقلارنى بېجا كەلتۈرۈش، ئىلاھلىق تەۋھىدىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەملى ھەركەت قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر، بۇجەھەتتە جەڭنىڭ پەرزلىكىگە بولغان بۇيرۇق مۇجمەل بولماستىن باشقا روزا قاتارلىق ئىبادەت شۇئارلىرىغا ئوخشاش ناھايىتى ئېنىقتۇر. مەسىلەن : پاك الله سۈرە بەقەرە 183 ـ ئايەتتە رامىزان روزىسىغا {ئى مۆمىنلەر!<گۇناھلاردىن >ساقلىنىشىڭلارئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىركىلەرگە<يەنى ئىلگىركى ئۈممەتلەرگە>روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ<رامىزان روزىسى>پەرز قىلىندى}. دەپ بۇيرىغان بولسا، شۇسۈرىنىڭ 216 ـ ئايىتىدە جەڭنىڭ پەرزلىكىگىمۇ ئەينى سۆز ۋە ئوخشاش رۇشەنلىكتە مۇنداق بۇيرۇق بەردى:{سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلارمۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەرئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلارمۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەرئۈچۈن زىيانلىقتۇ.<سىلەرگەنېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى> الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، ،شۇنىڭ ئۈچۈن الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار.}

*مۇھەببەت ۋە نەپرەت

ئەقىدىدىكى مۇھەببەت ـ نەپرەت تەۋھىدىنىڭ يادروسىدۇر، " الله دىن باشقا ئىلاھ يوق " كەلىمىسىنىڭ ئەملى ئىپادىسى ۋە بۇ دىنىنىڭ مۇستەھكەم تۇتقىسىدۇر. ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:{كىمكى تاغۇت <يەنى اللەتىن باشقا بارچە مەبۇد>نى ئىنكار قىلىپ، اللەغائىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ،الله<بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى> ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، <ئىشلىرىنى>بىلىپ تۇرغۇچىدۇر} بەقەرەسۈرىسى 256 ـ ئايەت. شۇنداقلا ئۇ ھەق ـ ناھەق ئارىسىدىكى چېگرا ۋە ئۇبىكتىپ يولدۇر. سۈرە مۇھەممەد 3 ـ ئايەتتە ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:{بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، كاپىرلار باتىلغا<يەنى شەيتانغا>ئەگەشتى، مۆمىنلەر بولسا، پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتكە <يەنى قۇرئانغا > ئەگەشتى، الله ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى شۇنداق بايان قىلىدۇ}. ئەقىدىدىكى مۇھەببەت ـ نەپرەت مېھرىبان الله نىڭ ئەۋلىيالىرى بىلەن شەيتان ئەۋلىيالىرى ئوتتۇرىسىنى كەسكىن ئايرىش ئىسپاتىدۇر، ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:{الله مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى <كۇفرىنىڭ>زۇلمىتىدىن <ئىماننىڭ> يورۇقلۇقىغاچىقىرىدۇ؛كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى <ئىماننىڭ>يورۇقلۇقىدىن <گۇمراھلىقىنىڭ>قاراڭغۇلىقىغاچىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈقالغۇچىلاردۇر}سۈرەبەقەرە 257 ـ ئايەت. شۇنداقلا ئۇ بارلىق پەيغەمبەرلىكلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە مۆمىنلىكنىڭ شەرتىدۇر، ئۇلۇغ الله نەھل سۈرىسى 36 ـ ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: { بىزھەقىقەتەن ھەربىرئۈممەتكە: <<اللەغائىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن <يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ۋە اللەنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇن يۈرگۈزگەنلەرگە ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن> يىراق بولۇڭلار>>دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق،}. ئەگەر ئەقىدىدىكى مۇھەببەت ـ نەپرەت تۈزۈلۈپ ئۇلۇغ بۈيۈك الله ئۈچۈنلا ساپلاشقان بولسا دېمەك بۇئىنساننىڭ ئىمانى مۇكەممەللەشكەن بولىدۇ. تەبەرانى "ئەلكەبىر" كىتابىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇئەنھۇمادىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان [ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقىسى الله ئۈچۈن دوست ۋە الله ئۈچۈن دۈشمەن بولۇش ، الله ئۈچۈن سۆيۈش ۋە الله ئۈچۈن نەپرەتلىنىشتۇر]. ئىبنى جەرىر ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان [الله ئۈچۈن سۆيگەن، الله ئۈچۈن نەپرەتلەنگەن ، الله ئۈچۈن دوستلاشقان، الله ئۈچۈن دۈشمەنلەشكەن كىشى بۇ ئارقىلىق اللەنىڭ ئەۋلىيالىقىغا ئېرىشىدۇ. ھەرقانداق بەندە گەرچە ئۇنىڭ نامىزى ۋە روزىسى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئاشۇنداق بولمىغىچە ئىماننىڭ تەمىنى ھەرگىز تېتىيالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ قېرىنداشلىقى دۇنيالىق ئاساسىدىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭسىز ئائىلىسىگە ھېچ نەرسە غەملىيەلمەيدۇ].

شەكسىزكى ئىنسان تاغۇتنى ئىنكارقىلماي تۇرۇپ، يەنى الله تىن باشقاھەرقانداق ئەيمەندۇرگۇچىدىن، ئىنتىلدۇرگۇچىدىن ۋە ئەگەشتۇرگۇچىدىن مەيدان ئايرىپ، دۈشمەنلىك ۋە نەپرەت ئېلان قىلماي تۇرۇپ مۆمىن بولالمايدۇ.

نىجاتلىققائېرىشىش ، مۇستەھكەم تۇتقىنى تۇتماي تۇرۇپ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، دېمەك ئۇنىڭ الله غا ئىشىنىشتىنمۇ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرىنچىسى تاغۇتنى ئىنكارقىلىشتۇر. ئۇلۇغ الله :{كىمكى تاغۇت <يەنى اللەتىن باشقا بارچە مەبۇد>نى ئىنكار قىلىپ، اللەغائىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ،الله<بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى> ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، <ئىشلىرىنى>بىلىپ تۇرغۇچىدۇر}دېگەن.

بۇشۇنى تەكىتلەيدۇكى كىشلەرنى بىرئارىغا يىغىدىغان ياكى يېقىن تۇققان بولىسمۇ يىراقلاشتۇرىدىغان مۇستەھكەم تۇتقا ئىمان تۇتقىسى بولۇش كىرەك، ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:{ئى مۆمىنلەر! ئەگەرئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە <كۇفرىدا مەھكەم تۇرسا>، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىمكى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلارزالىملاردۇر<يەنى ئۇلارغائوخشاش مۇشرىكتۇر، چۈنكى مۇشرىكلىككە رازى بولغان ئادەممۇ مۇشرىك ھىساپلىنىدۇ>} سۈرە تەۋبە23-ئايەت. الله يەنە سۈرە مۇجادىلە 22-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى - ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق-تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ-دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن<يەنى ئۇلارنى دوست تۇتىشى مۇمكىن ئەمەس>، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆزدەرگاھىدىن بولغان رۇھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن 'ئۆستەڭلەرئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلارجەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، الله دىن ئۇلارمۇ رازى بولىدۇ، ئەنە شۇلار الله نىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، اللەنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلاردۇر.} شۇنىڭ ئۈچۈن پاك الله ناھايىتى رۇشەن ۋە قاتتىق تەلەپ بىلەن بۇيرۇق بىرىپ كاپىرلارنى دوست تۇتماسلىقنى بولمىسا الله نىڭ دوستلىقىدىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى ۋە كاپىرلارقاتارىدا بولۇپ كىتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دىدى:{مۆمىنلەر مۆمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ اللەنىڭ دوستلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ،ئاخىرقايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر}سۈرە ئال ئىمران 28-ئايەت. الله يەنە سۈرەمائىدە 51-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{ئى مۆمىنلەر! يەھۇدى ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر-بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، الله زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ}.

يۇقۇردىكىلەرگە ئاساسەن ئەقىدىدىكى مۇھەببەت-نەپرەتنىڭ تۆۋەندىكى تەلەپلىرىمۇ بار:

الله يولىدا كۆرەش قىلىش پىرىنسىپى ئۆزئاررۇ-ئىستەكلىرى ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرى بەلكى ھاياتلىق ئاساسلىرىدىنمۇ ئۈستۈن بولۇش: ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:{ئېيتقىنكى، <<ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭلار<ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار>، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله دىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا<يەنى شۇلاربىلەن بولۇپ كېتىپ، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگەياردەم بەرمىسەڭلار>، ئۇ ھالداسىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى <اللەنىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى> ھىدايەت قىلمايدۇ} سۈرە تەۋبە 24-ئايەت.

شەيتان ئەۋلىيالىرىغا قارشى جەڭ قىلىش: ھەقىقەتچىلەر بىلەن باتىل ئەھلى ئايرىلىپ ئىچكى سەپ تەرتىپلىنىپ ئۇنى مۆمىنلەرئارا مۇھەببەت ۋە ياردەملىشىشتىن ئىبارەت مۇكەممەل دوستلۇق ئاساسىغا قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلۇغ اللەمۇنداق دەيدۇ:{مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللاربىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار<كىشىلەرنى>ياخشى ئىشلارنى قىلىشقابۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلار دىن توسىدۇ، نامازنى <تولۇق>ئاداقىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، الله غا ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىگەئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر}سۈرەتەۋبە 71-ئايەت. الله يەنە سۈرە ئەنفال 72-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{ئىمان ئېيتقانلار، <الله نى ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيۈش يۇزىسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ> ھىجرەت قىلغان، پۇل-ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن الله يولىداجىھاد قىلغانلار<يەنى مۇھاجىرلار>، <يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا>جاي

بەرگەرلەر ۋەياردەم كۆرسەتكەنلەر<يەنى ئەنسارلار> - ئەنەشۇلارئەلۋەتتەبىر-بىرىگەئىگىدۇر<يەنى بىر-بىرىگەياردەمچىدۇر، بىر-بىرىگەمىراسخوردۇر>. ئىمان ئېيتقان ئەمما<مەدىنىگە>ھىجرەت قىلمىغانلاربىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلارھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارائىگە بولۇش<يەنى ياردەملىشىش، مىراسخوربولۇش>بولمايدۇ؛ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلارسىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، الله سىلەرنىڭ قىلۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر}. مانا بۇ بارلىق تەشكىلى تەرتىپتىن كېيىن پاك الله، شەيتان ئەۋلىيالىرىغا قارشى جەڭ قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:{مۆمىنلەراللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدائۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار<سىلەرئۇلارنى يېڭىسىلەر>، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر}سۈرەنىسا76-ئايەت.

ئۇلارشەيتان قوشۇنى بولغاننىڭ ئۈستىگە يەرشارىدا بۇزغۇنچىلىق تېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان يامانلىق ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ تەشكىللىك ۋەكىللىرىدۇر، <بۇھەقتە پىرئەۋن تىلىدىن بايان بىرىپ>ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:{ھىيلەڭلارنىڭ ھەممىسنى جەملەڭلار<يەنى بۇتۇن چارە- تەدبىرلىرىڭلارنى بىرنۇقتىغا يىغىپ بىرياقىدىن باش چىقىرىڭلار>، ئاندىن <قارىغۇچىلارغا ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن مەيدانغا>سەپ تارتىپ كىلىڭلار، بۈگۈن ئۈستۈنلۈك قازانغان ئادەم راستلا مەقسەتكە ئېرىشىدۇ}سۈرەتاھا64-ئايەت. الله يەنە سۈرە ئەنفال 73-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{كاپىرلار<ياردەمدە ۋە مىراستا>بىر-بىرىگە ئىگىدۇر، ئەگەر<ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت> بۇھۆكۈمگەئەمەل قىلمىساڭلار، يەريۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ}.

*ھاكىمىيەت

شەكسىزكى ھاكىمىيەت مەسلىسى تەۋھىدنىڭ نىگىزى ھىساپلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ، پاك الله نىڭ پائالىيەتلىرىدىن بولغان خەلىققە قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى يالغۇز ئۇلۇغ الله قىلامەنسۇپ دەپ بىلىش بىلەن پەرۋەردىگارلىق تەۋھىدى جۈملىسىگە كىرگەن بولسا، يەنەبىر تەرەپتىن بەندىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىن بولغان يالغۇز پاك اللەنىڭ قانۇنى بىلەنلا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەنلا مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىش بىلەن ئىلاھلىق تەۋھىدى دائىرسىگە كىرىدۇ.

شۇنداقلا "الله تىن باشقا ئىلاھ يوق" دەپ جاكارلاشتىن ئىبارەت تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەقسىدىمۇ ئىبادەتتە يەنى ئۇنىڭ قانۇنى بىلەنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە بارلىق مەسىلىلەرنى ئۇئارقىلىقلا بىرتەرەپ قىلىش ئارقىلىق شەرىئەتنى يۈرگۈزۈشتە الله نى بىر بىلگەنلىكنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. ئىمام مۇسلىمدىن نەقىل قىلىنغان بىرھەدىستا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شاھادەت كەلىمىسىنىڭ مەقسىدىنى تەپسىرلەپ مۇنداق دېدى:{ئىسلام؛ الله غىلا ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭدىن باشقا مەبۇدلارنى ئىنكار قىلىش، نامازنى بەرپا قىلىش، زاكاتنى ئاداقىلىش، ھەج قىلىش ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتۇش قاتارلىق بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان}. بۇھەدىستا پەيغەرئەلەيھىسسالام تەھىد كەلىمىسىنىڭ مەقسىدىنى يالغۇز الله غىلا شېرىك قىلماستىن ئىبادەت قىلىش دەپ بايان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلەرگە قارشى جەڭ قىلىش تەۋھىد بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرسىدىكى بۇخىل باغلىنىشنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتتى :{تاكى كىشىلەر"اللەتىن باشقائىلاھ يوق" دېگىچە جەڭ قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ئەگەر ئۇلار "اللەتىن باشقائىلاھ يوق " دېسە، مەندىن ئۆز قانلىرىنى ۋە ئۆز ماللىرىنى ساقلاپ قالىدۇ بۇكەلىمىنىڭ ھەققىگە، تاجاۋۇز قىلغاننىڭ جازاسى ‹بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر›} [بىرلىككە كىلىنگەن ھەدىس] بۇھەدىستا "الله تىن باشقائىلاھ يوق" كەلىمىسىنىڭ مەقسىدىنى ئىزاھلىغان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مەقسىدى ئۇنى پەقەت ئاغزاكى سۆزلەپ قويۇش ئەمەس بەلكى يالغۇز الله غىلا ئىبادەت قىلىشنى ئەمىلىيەتكەئايلاندۇرۇش ئىكەنلىگىنى بايان قىلدى. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدە تېخىمۇ ئۆزئىپادىسنى تاپقان :{ تاكى الله غا شېرىكسىز يالغۇز ئىبادەت قىلىنغىچە قىيامەت ئالدىدا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم..}[بۇسەھىھ ھەدىس بولۇپ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]، بۇھەدىستا قارشى جەڭ قىلىنىۋاتقان كاپىرلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى ئۇلارنىڭ يالغۇز الله غىلا ئىبادەت قىلىشى ئىكەنلىكى، گەرچە بۇكەلىمىنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئۇلاردىن ئۇنىڭغا قارشى نەرسە ئىپادىلەنگىچە قول يىغىپ تۇرۇلىسىمۇ پەقەت ئۇلار ئاغزاكى "الله تىن باشقا ئىلاھ يوق" دەپ قويۇش ئەمەسلىگى بايان قىلىنغان. مانا بۇ ئالدىنقى ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ {بۇكەلىمىنىڭ ھەققىگە <تاجاۋۇزقىلغاننىڭ جازاسى> بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر} دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر. چۈنكى يالغۇز اللەغىلا

ئىبادەت قىلىش بۇكەلىمىنىڭ ھەقلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دېگەن:{الله نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلار الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماي ئىبادەت قىلىشتۇر..}[بىرلىككەكىلىنگەن ھەدىس]، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى تەۋھىد كەلىمىسىدىن مەقسەت پەقەت ئۇنى سۆزلەپ قويۇشلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ يالغۇز الله غىلا ئىبادەت قىلىش دائىرىسىگە كىرىدىغان بارلىق پەرزلىرىنى مۇستەھكەم تۇتۇشتۇر.

يەنە بىر نۇقتىدىن؛ ئىسلامنىڭ نىشانى ئۇمۇمەن جاھىلىيەت ھاكىمىيىتىنى ئىسلام ھاكىمىيىتىغا ئالماشتۇرۇپ ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن جاھىلىيەت سەۋەپلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرىنى يوقۇتۇشتۇر. ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:{ئۇلارجاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟(اللەغا)چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدەھۆكۈمدە الله دىنمۇ ئادىل كىم بار}سۈرەمائىدە50-ئايەت. الله يەنە سۈرەتەۋبە36 -ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەيدۇ:{مۇشرىكلارسىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى ، الله تەقۋادارلاربىلەن بىللىدۇر}.

بىرجاھىلىيەتتىن يەنە بىر جاھىلىيەت ئۈستىگە شەۋكەت ۋە نۇپۇز كۆتۈش بىمەنىلىك ۋە ئەخمىقانىلىقتۇر. ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ:{ئۇلارمۆمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلاركاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت ۋە قۇدرەت تەلەپ قىلامدۇ؟(يەنى كۇففارلارنىڭ دوستلۇقىدىن ئىززەت ۋە غەلبە تىلەمدۇ؟)ئىززەت ۋە قۇدرەتنىڭ ھەممىسى اللەغا خاستۇر}سۈرەنىسا139-ئايەت. شۇنىڭ ئۈچۈن شەۋكەت ئىزدىگەن كىشى غالىپ ، قۇدرەتلىك الله تىن تەلەپ قىلىشى لازىم. ئۇلۇغ، بۈيۈك الله سۈرە ساففات 182-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: {قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر}. ئۇلۇغ الله يەنە مۇنداق دەيدۇ:{غەلىبە الله غا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار(غەلىبىنىڭ الله نىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغامەنسۇپ ئىكەنلىكىنى )بىلمەيدۇ.}سۈرە مۇنافىقۇن8-ئايەت. ئۇلۇغ الله يەنە سۈرە فاتىر10-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{كىمكى(دۇنيادا)شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى اللەغا مەنسۇپ (ئۇنى الله دىن تىلىسۇن).}

جاھىلىيەت ئۆزىنىڭ يىلتىزىنى يۇختىلاش ئۈچۈن ئۇنىۋىرسال پائالىيەت قىلىۋاتقان ئىكەن مۆمىنلەرمۇ ئۇلۇغ بۈيۈك اللەنىڭ دىنىنى شەۋكەت ۋە كۈچ قۇدرەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ۋە ئۆزلىرىنىڭ شەرىپىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يىلتىزىنى كۈچ بىلەن قومۇرۇپ تاشلىشى لازىم بولۇپ قالدى: ئۇلۇغ الله مۇنداق دەيدۇ: {سىلەرئەھلى كىتاپتىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار(يەھۇدىلار ئۇزەير الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسا الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارالله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دىگەن بىلەنمۇئېتىقاد قىلمىغاننىڭ ئورنىدىدۇر)بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا)ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن <يەنى ئىسلام دىنى> غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلارسىلەرگە بويسۇنۇپ خارھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار}سۈرەتەۋبە29-ئايەت. الله يەنە سۈرە تەۋبە 123-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار(يەنى سىلەرگە خەتەربولماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلارقاتتىق ھېس قىلسۇن(يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئىچىڭلارئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى الله تەقۋادارلاربىلەن بىللىدۇر (يەنى تەقۋادارلارغامەدەتكاردۇر)}. ئۇلۇغ الله يەنە سۈرەتەۋبە 36-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:{ مۇشرىكلارسىلەرگەبىرلىكتەھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى ، الله تەقۋادارلاربىلەن بىللىدۇر}.

يۇقۇرىدىكىلەرگە ئاساسەن الله نىڭ مەملىكىتىدە ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىردىن - بىر قانۇنلۇق، ئەقىلگە ئۇيغۇن ۋاستە جىھادتۇر.

# جىھادنىڭ ئىستىراتىگىلىك نىشانلىرى

***ئىسلام ئۇممىتىنىڭ كۆرەشچى گورۇھ ئۈستىدىكى ھەققى**

